سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# دۇنكخوت ئەپەندى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

## دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# دونكخوت ئەپەندى

ئاپتورى: سېرۋانتېس [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيە كېرەم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/阿斯艳·克然木译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

**书　　名:** 堂吉诃德先生
**作　　者:** 塞万提斯 [西班牙]
**翻　　译:** 阿斯艳·克然木
**责任编辑:** 艾尼瓦·库迪力克
**责任校对:** 克尤木·吐尔逊
**出　　版:** 新疆喀什维吾尔文出版社
新疆电子音像出版社
**地　　址:** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮　　编:** 830000
**发　　行:** 新疆新华书店
**印　　刷:** 新疆八艺印刷厂
**开　　本:** 787mm×1092mm 1/32
**印　　张:** 2.5
**版　　次:** 2009 年 1 月第 1 版
**印　　次:** 2009 年 2 月第 1 次印刷
**书　　号:** ISBN 978-7-5373-1736-8
**定　　价:** 60.00 元 (全十册)

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** دونكخوت ئەپەندى

**ئاپتورى:** سېرۋانتېس [ئىسپانىيە]

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئاسىيە كېرەم

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق

**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32

**باسما تاۋىقى:** 2.5

**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8

**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

# كىرىش سۆز

«دونكخوت ئەپەندى» 1605 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا مانا 395 يىل بولدى، لېكىن دونكخوت ئەپەندىنىڭ مىجەزى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى سانچۇنىڭ يېقىملىق مىجەزى ھازىرغىچە كەڭ كىتابخانلارنىڭ كاللىسىدا جانلىق ھەم روشەن ئورۇن ئالغان.

بۇ كىتابنىڭ ھازىرغىچە ئىنتايىن زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب شۇكى، يازغۇچى تىپىك پېرسوناژنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەتراپلىق مەسخىرە قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسپانىيىدە رېتسار (چەۋەنداز)لىق تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلىش ئادىتى ساقلانغان. بۇ «دونكخوت ئەپەندى»نىڭ نەشر قىلىنىشى رېتسارلىق تۈزۈمگە ئېتىلغان كۈچلۈك توپ ئوقى بولغان، يازغۇچى مەسخىرە قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغاندا، ئادەمگە ھەممىلا يەردە ئىنسانىيەتنىڭ ياخشى تەبىئىتىنى، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ مول ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تولغانلى-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇڭا ئىسپانىيەت ھۆكۈمىتى مەك-تەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا «دونكخوت ئەپەندى»نى كۈندە ئاز دېگەندە بىر ئابزاس ئوقۇش ئۆسمۈر دوستلارغا كۆپ تەرەپتىن ئىلھام بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەيدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئىسپانىيىلىك سېرۋانتېس (Miguel de Cerwantes Saavedra 1547 — 1616)، ئاپتور-نىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ تۇرمۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەسكەر بولۇپ، بەش قېتىم يارىلانغان، مورلارغا بەش يىل قۇل بولغان؛ پۈتۈن ئىسپانىيىنى ئايلىنىپ چىققان؛ ئاقسۆ-ڭەكلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ تۈرمىگە قامالغان، بۇ كى-تابنى تۈرمىدە يازغان.

كىچىك دوستلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كىتابتا پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرى ئىمكانقەدەر ئاددىيلاشتۇرۇلدى، بۇ كىتابنىڭ ھەجمى ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئوتتۇزدىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

فەن چۈەن

1997 - يىل 8 - ئاي







# مۇندەرىجە

رېتسار بولۇشقا تەييارلىنىش ........................ 1
تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىقىش ........................ 6
ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قايتىپ كېلىش ........................ 15
ئىككىنچى قېتىم سەپەرگە چىقىش ........................ 22
قوي پادىسى بىلەن جەڭ قىلىش ........................ 30
ئالتۇن دۇبۇلغىنى بۇلاش ........................ 38
بىر توپ قۇلنى ئازاد قىلىش ........................ 42
مۇھەببەت ھېكايىسى ........................ 49
تۇلۇم بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىش ........................ 58
مەھبۇس ھارۋىسىدا قايتىپ كېلىش ........................ 67



# رېتسار بولۇشقا تەييارلىنىش

بۇرۇن ئىسپانىيىنىڭ لامانچا ئۆلكىسىدىكى بىر كەنتتە بىر ئىدالگو[1] بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر نەيزە، بىر قەدىمكى قالقان، بىر ئورۇق ئات، بىر ئوۋ ئىتى بار ئىدى.

ئۇ كەچلىك غىزاسىغا، كۆپىنچە، كالا گۆشى ۋە قوي گۆشى يەيدۇ. شەنبە كۈنلىرى تۇخۇم پوشكىلى، سۇرلەنگەن گۆش، جۈمە كۈنلىرى پۇرچاق پىشۇرۇپ يەيدۇ. يەكشەنبە كۈنلىرى ئالاھىدە بىر باچكا قوشۇلىدۇ، بۇلارغا ئۇنىڭ ھەممە دارامىتىنىڭ تۆتتىن ئۈچى كېتىدۇ. قالغان تۆتتىن بىر قىسىم پۇلىغا كىيىم تىكتۈرىدۇ. ئارام كۈنلىرى قارا رەڭلىك تىۋىتلىك پەلتو ۋە دۇخاۋا شىم كىيىدۇ، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۆيدە توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈيدۇ.

ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان 40 نەچچە

---

[1] ئىدالگو ـ ئۇنۇملۇك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، ئېكسپلاتاتسىيە بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يومبېشىچىك.

ياشلىق ئايال خىزمەتكار، 20 ياشتىن ئاشقان جىيەن قىزى بار، يەنە بىر ياش مەدىكارمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىش، ئات بېقىش، بازاردىن نەرسە - كېرەك ئەكېلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ.

بۇ ئىدالگو 50 ياشلاردا، ناھايىتى ئورۇق، ئىنچىكە بولسىمۇ، تېنى ساغلام بولۇپ، ھەر كۈنى سەھەر تۇرىدۇ، ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق ئىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا پۇرسەت تاپسىلا رىتسارلار توغرىسىدىكى رومانلارنى ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. مۇنداق كىتابلارنى ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئوۋ ئوۋلاشنى، تەئەللۇقاتلىرىنى باشقۇرۇشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى. كېيىنرەك كىتاب ئوقۇشقا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، يەرلىرىنىمۇ سېتىۋېتىپ، شۇ خىلدىكى كىتابلارنى سېتىۋالدى.

كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە، كۈندۈزى كەچ بولغۇچە يۇرۇپ، ئىدراك قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. رىتسارلارنىڭ دۇئېلغا چىقىش، ناھەق ئىشنى كۆرگەندە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، جاھان كېزىش قاتارلىق بىمەنە ئىشلىرىنى ئويلايتتى. كىتابتىكى توقۇلغان ئىشلارنى «راست» دەپ ئىشىنىپ، «دۇنيادا بۇ كىتابلاردىكىدىن ئىشەنچلىك تارىخ يوق» دەپ قارايتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ، كىتابتىكى ھېكايىلەرنى ئۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاتقا

مىنىپ، نەيزە، قالقانلارنى ئېلىپ جاھان كېزىپ، ناھەق ئىشلارغا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەردانە رىتسار بولماقچى بولدى. مۇشۇنداق قىلغاندا بىر تەرەپتىن ئەلگە خىزمەت كۆرسىتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن نام ـ نىشانى مەڭگۈ قالىدۇ، ھەتتا ئەرەب پادىشاھى بولۇپ قالامدۇ تېخى!

ئۇ جاھان كېزىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلىدى. بىرىنچى ئىشى دات بېسىپ كەتكەن دۇبۇلغا[1] ـ ساۋۇتنى[2] ئامبارنىڭ بۇلۇڭىدىن ئېلىپ چىقىپ، تېرىپ ـ تۆشەپ تازىلاپ پارقىرىتىش بولدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزنى قوغدىغۇچىسى يوق ئىكەنلىكىنى كۆردى. بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ قاتتىق قەغەزدىن ساۋۇت ياساپ، دۇبۇلغىغا تاقىدى. مانا ئەمدى مۇكەممەل دۇبۇلغىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولدى. لېكىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىڭ پۇختا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، شەمشىرىنى سانجىپ بېقىۋىدى، دۇبۇلغا تېشىلىپ كەتتى. كېيىنكى خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قاتتىق قەغەزنىڭ ئاستىغا بىرنەچچە تال قەلەي قويۇپ ياساپ چىقىپ، ناھايىتى پۇختا بولدى دەپ ھې-

① دۇبۇلغا ـ تۆمۈردىن ياسالغان بىر خىل قالپاق (مۇھەررىر).
② ساۋۇت ـ قەدىمكى زاماندىكى بىر خىل ئۇرۇش كىيىمى (مۇھەررىر).

سابلاپ، شەمشەر بىلەن سىناپ بېقىشنى لايىق تاپمىدى.

ئىككىنچى ئىشى ئېتىنى تەييار قىلىش بولدى. بۇ ئات ياغاچتەك ئورۇق، ئىللىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنى ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئات دەپ قارايتتى، تۆت كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ ئاتقا «روسىنانت» دېگەن ئىسىمنى قويدى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «بۇرۇن ئادەتتىكى ئات ئىدى، ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئات بولدى» دېگەنلىك بولاتتى.

ئېتىغا ئىسىم قويغاندىن كېيىن ناھايىتى رازى بولۇپ، ئۆزىگىمۇ ئىسىم قويماقچى بولدى. سەككىز كۈن ئويلاپ، ئۆزىنى «دونكخوت» دەپ ئاتاشقا توختىدى. لېكىن بىر باتۇر رىتسار ئۆز دۆلىتىنىڭ ياكى يۇرتىنىڭ نامىنى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا قوشۇۋېلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رىتسارلارنىڭ نامىنى دوراپ ئۆزىنى لامانچالىق دونكخوت ئەپەندى دەپ ئاتىدى. بۇنداق قىلغاندا ئىسمى ئاتالغان ھامان ئۆزىنىڭ نەسەبى ۋە يۇرتىمۇ ئاتىلىپ، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىززەت بولمايتتى.

ساۋۇت تازىلاندى، دۇبۇلغىمۇ يۈزلۈك قادالدى، ئاتقا ئىسىم قويۇلدى، ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ بېكىتىۋالدى. ئىشقىلىپ، كەم نەرسە قالمىدى، پەقەت بىر گۈزەل مەشۇق تاپسىلا بولاتتى.

چۈنكى دەرەخنىڭ چوقۇم يوپۇرماق ۋە مېۋىسى بولۇشى كېرەكتەك، رىتسارنىڭمۇ چىرايلىق بىر مەشۇقى بولۇشى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

كېرەك. لېكىن دونكخوت ئەپەندى ئۇنداق مەشۇقنى تاپالمىدى، تولا ئويلىنىپ بىرەيلەننى يادىغا ئالدى، ئۇ بولسىمۇ يېقىن ئەتراپتىكى يېزا قىزى ئىدى. بۇرۇن ئۇنىڭغا كۆيۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، قىزنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ قىز توبوسو دېگەن كىچىك بازاردىن بولۇپ، ئىسمى لورىنسو ئىدى.

ھازىر دونكخوت ئەپەندى ئۇنى ئۆزىنىڭ مەشۇقى ھېسابلاپ، نۇرغۇن ئويلىنىپ، «دونكخوت ئەپەندى» دېگەنگە ماس كېلىدىغان يېڭى بىر ئىسىمنى تاللاپ، ئۇنى «دۇلسىنېيە توبوسوۋى» دەپ ئاتاش قارارىغا كەلدى. بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا، خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىدەك راۋان ۋە مەنىلىك تۇيۇلدى.





# تۆنجى قېتىم سەپەرگە چىقىش

دونكخوت ئەپەندى ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 7 ـ ئايدىكى ئەڭ ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا ئۈچىسىغا ساۋۇتىنى ئارتىپ، قۇراشتۇرۇلغان دۇبۇلغىنى بېشىغا كىيىپ، روسنانتقا مىنىپ، بىر قولىغا قالقاننى سېپىپ، يەنە بىر قولىغا نەيزىنى ئېلىپ، ھېچكىمگە ئېيتماي ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

دونكخوت ئەپەندىنىڭ ئېتى كەڭ دالاغا قەدەم تاشلىشى بىلەن ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق خىيال پەيدا بولۇپ، تەۋەككۇل قىلغان ئىشلىرىنى يوق قىلىۋېتىشكە تاس قالدى. بۇ قورقۇنچلۇق خىيال شۇ ئىدىكى، ئۇ تېخى «رىتسار» دەپ بېكىتىلمىگەن ئىدى. رىتسارلىق قائىدىسى بويىچە، ساۋۇت كىيىپ، ھەرقانداق رىتسارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرماسلىقى كېرەك، لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى رىتسار بولۇش تەلۋەلىكى بېسىپ چۈشتى. كىتابلاردىن ئوقۇغان رىتسارلارنى ئۈلگە قىلىپ، بىرىنچى قېتىملىق تەۋەككۇلدە رىتسارلىق ئۇنۋانى ئېلىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى



خاتىرجەملەندۈرۈپ، ئاتنى دالىدا مەيلىچە مېڭىشقا قويۇپ بەردى.

تويتوغرا بىر كۈن ماڭغان بولسىمۇ، ھېچبىر ئۆزگىچە ۋەقەگە ئۇچرىمىدى. كەچكىچە ماڭغاندا ئات بەك ھېرىپ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىن، بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا سەھرالىق ياش ئىككى چوكان بىلەن بىرنەچچە قېچىرچى تۇراتتى. ئۇلار مۇشۇ يەردىن ئۆتكۈچىلەر بولۇپ، سارايغا چۈشكەن، ئەتە باشقا يەرگە كېتىدىغانلار ئىدى. لېكىن دونكخوت ئەپەندى سارايىنى قورغان، دەۋازا ئالدىدا تۇرغان ئىككى چوكاننى ئېسىلزادە خانىملار دەپ ھېسابلىدى. دونكخوت ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا ئۇلار دونكخوتنىڭ مۇنداق غەلىتە قوراللانغان ئەلپازىنى كۆرۈپ، قاتتىق چۆچۈپ سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇشتى. دونكخوت ئەپەندى ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن:

— ئېسىلزادە خېنىملار، قېچىشمىسىلا، رىتسارلىق يولىنى تۇتقانلار ھېچكىمگە ئەدەپسىزلىك قىلمايدۇ، — دېدى.

بۇ ئەخمىقانە گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىككى چوكان كۈلۈپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا سېمىز سارايۋەن چىقىپ كەلدى. سارايۋەن دونكخوت ئەپەندىنىڭ بۇنداق غەلىتە كىيىنىشىدىن سەل ئەيمىنىپ، مۇلايىملىق بىلەن گەپ قىلدى:

— ئەپەندىم، بۇ يەردە قونماقچى بولسىلا كارۋاتتىن

باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ.

دونكخوت سارايۋەننى قورغان باشلىقى دەپ بىلىپ، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— قورغان باشلىقى ئەپەندى، ماڭا ئۇخلايدىغان جاي كۆرسىتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

— ئەمىسە، — دەپ جاۋاب بەردى ھارمازادە سارايۋەن، — ئاتتىن چۈشسىلە، بۇ ئۆيدىكى ئۇخلىغىلى بولمايدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋەرسىلە.

شۇنداق دەپ سارايۋەن يۈگۈرۈپ بېرىپ دونكخوت ئەپەندىنىڭ ئېتىنى ئالدى. دونكخوت ئەپەندى ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەچكە ئاتتىن ناھايىتى تەستە چۈشۈپ، سارايۋەنگە ئېتىغا ئوبدان قاراشنى، چۈنكى، بۇ، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئات ئىكەنلىكىنى تاپىلىدى.

سارايۋەن يۈگەننى قولىغا ئېلىپ ئاتقا سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئېسىللىكىنى كۆرەلمىدى، ھەتتا «ھېچبىر ئېسىللىكى يوق ئىكەن» دەپ قارىدى.

ئۇ ئاتنى ئېغىلغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئېغىلدىن چىقىپ دونكخوت ئەپەندىگە يەنە نېمە كېرەكلىكىنى سورىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى سەھرالىق ئىككى چوكان كۈلۈشتىن توختاپ، ئۇنىڭ ساۋۇتىنى يېشىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇلار ساۋۇتنى كۆكرەك ۋە مۇرىنى ئاسرايدىغان قىسمىنى يەشتى. ئەمما ھېلىقى ياسالغان دۇبۇلغىنى يېشەلمىدى. ئۇلارنى دونكخوت بوغقۇچ بىلەن بەك چىڭ باغلىۋەتكەچكە يېشەلمەي، پىچاق

بىلەن كېسىشكە توغرا كەلدى، لېكىن دونكخوت ئەپەندى كېسىۋېتىشكە ئۇنىمىدى. شۇڭا ئۇ كېچىسى دۇبۇلغا بىلەن ياتتى. ئۇنىڭ بۇنداق غەلىتە ئىسكەتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئىدى. بولۇپمۇ ئادەمگە قىزىق تۇيۇلغىنى، ئۇنىڭ مۇشۇ دۇبۇلغىسىنى يەشمەي تاماق يېيىشى بولدى. ئۆز قولى بىلەن ئاغزىغا بىرنەرسە سالالمايتتى، باشقىلار يېگۈزۈپ قوياتتى، شورپا ئىچىدىغان چاغدا سارايۋەن مۇنداق بىر ئامال تاپتى: قومۇشنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا، يەنە بىر ئۇچىنى چىنىگە سېلىپ قويدى، ئۇ مۇشۇ ئاۋارىچىلىققا رازى بولدىكى، بېشىدىكى دۇبۇلغىنىڭ بوغقۇچلىرىنى كېسىۋېتىشكە ئۇنىمىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا سارايغا چوشقا ھەيدىگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ۋە قومۇش نېيىنى ئاندا ـ مۇندا چېلىۋىدى، دونكخوت ئەپەندى ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان نەغمە ـ ناۋا دەپ بىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر بىر قورغاندا تۇرۇۋاتقانلىقىغا، بۇ يەردە ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ، قورغان باشلىقىنىڭ... بارلىقىغا، تەۋەككۇل قىلغان ئىشىدا خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىغا ئىشەندى.

ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ «رىتسار» دەپ بېكىتىلمىگەنلىكىدىن كۆڭلى غەش ئىدى.

مۇشۇلارنى ئويلاپ دونكخوت ئەپەندى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، سارايۋەننى ئاتخانىغا چاقىرىپ كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى ـ دە، تىزلى-







نىپ ئولتۇرۇپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— مېنى «باتۇر رېتسار» دەپ چاقىرسىڭىز، ئەگەر بۇ ئۆتۈنۈشۈمگە ماقۇل بولمىسىڭىز، مۇشۇ يەردە سىز شۇنداق دېگۈچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن تۇرمايمەن.

سارايۋەن تىزلىنىپ تۇرغان بۇ مېھماننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ پېشقان قاقۋاش بولۇپ، «بۇ مېھماننىڭ كاللىسىنىڭ زاغۇنى بارمۇ - نېمە» دەپ گۇمان قىلىپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۈگۈن ئاخشام كۈلكىلىك رول ئېلىپ ئەرمەك قىلىش قارارىغا كەلدى.

دونكخوت ئەپەندى سارايۋەننىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنتايىن مىننەتدارلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەپەندىم، سىزدىن ماقۇل بولۇشنى ئۆتۈنگەن ئىشىم شۇ ئىدىكى، ئەتە مېنى رېتسار قىلىشىڭىز لازىم. بۈگۈن ئاخشام قورغانىڭىزدىكى كىچىك ئىبادەتخانىدا ئۆزۈمنىڭ ساۋۇتۇمنى ساقلاپ چىقىمەن.

سارايۋەن ئۇنىڭغا بۇ قورغاندا ئىبادەتخانا يوقلۇقىنى، ساقلاشنىڭ ھەجەتسىزلىكىنى، ئەگەر دونكخوت ئەپەندى زۆرۈر دەپ قارىسا، سارايىنىڭ ئىچىدىكى ھويلىسىغا كىرىپ ساقلىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دونكخوت ئەپەندى ساۋۇتنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ، سارايىنىڭ چېتىدىكى قۇدۇق بېشىدىكى نورغا قويدى. بىلىكىگە



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co